# شى جىنپىڭ پۈتۈن ئارمىيە ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتى يىغىنى ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ياخشىلاش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقى ۋە تەلىپى ئۆگىنىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، پارتىيەنىڭ ئارمىيەگە بولغان ئىدىيەۋى ـ سىياسىي رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش چۆرىدىلىپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق ئارمىيەسىنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە سىستېمىسى كۈچەپ بەرپا قىلىنىپ، تەربىيەلەش ئىدىيەسى، مەزمۇنى، ئۇسۇلى، كۈچى، خىزمىتىنىڭ يۈرۈشۈشى ۋە تۈزۈم ـ مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىلىپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق ئارمىيەسىنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيەسىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلىپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىش كۈچلۈك ئىدىيەۋى ـ سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەندى.

شۈ چىلياڭ، جاڭ يوۋشيا، لى زوچېڭ، مياۋ خۇا، جاڭ شېڭمىن قوبۇل قىلىشقا قاتناشتى.

جاڭ يوۋشيا يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى، ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن، سىياسىي جەھەتتىن ئارمىيە قۇرۇشىنى كۆزلەپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق ئارمىيەسىنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشتىكى سىياسىي يۆنىلىشنى مەھكەم ئىگىلەپ، باشتىن ـ ئاخىر شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسى ئارقىلىق روھنى تاۋلاپ ئادەم تەربىيەلەشتىن ئىبارەت بۇ نېگىزنى چىڭ تۇتۇپ، ئاممىغا تايىنىپ، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، تەربىيەلەش ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇپ، رەھبىرى كادىرلارنىڭ ھەرىكەتتە ئۈلگە بولۇشتەك ئۈلگە تىكلەپ يېتەكلىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پۈتۈن گەۋدە بويىچە تەربىيەلەشنى تۇتىدىغان، كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ تەربىيەلەشنى تۇتىدىغان چوڭ ئەندىزىنى شەكىللەندۈرۈپ، يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا ئارمىيەمىزنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيەسىنىڭ زور يۈكسىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ھەربىي كومىتېت ئورگىنىدىكى ھەرقايسى تارماقلارنىڭ سىياسىي خىزمەتكە مەسئۇل رەھبەرلىرى، پۈتۈن ئارمىيەدىكى ھەرقايسى چوڭ ئورۇنلارنىڭ جېڭۋېيلىرى ھەم سىياسىي خىزمەت تارماقلىرىدىكى ئالاقىدار رەھبەرلەر قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ تەزىيە تېلېگراممىسىدا مۇنداق كۆرسەتتى: دېستان ئەپەندى فىرانسىيەنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن سىياسىيونى، ياۋروپانى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تۈرتكىچىسى. ئۇ جۇڭگو مەدەنىيىتىنى قىزغىن سۆيۈپ، جۇڭگو ـ فىرانسىيە دوستانە ئالاقىسى، ھەمكارلىقىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپە قوشقان.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: مەن جۇڭگو ـ فىرانسىيە دوستلۇقىنى ئىنتايىن قەدىرلەيمەن، زۇڭتۇڭ ماكرون بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، جۇڭگو ـ فىرانسىيە ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايمەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ كىتابچىغا دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى سودا ـ سانائەت رەھبەرلىرى سۆزلىشىش يىغىنىدا قىلغان «يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرايلى» دېگەن تېمىدىكى ئاساسىي مەقسەت نۇتقى ۋە ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ 27 ـ قېتىملىق رەھبەرلەر بىرەسمىي يىغىنىدا قىلغان «قول تۇتۇشۇپ ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلايلى» تېمىسىدىكى سۆزى كىرگۈزۈلگەن.

## يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەم كېلىشىم ئىمزالىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى بىلەن يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى بويىچە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەم «يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى كېلىشىمى» ئىمزالىدى. يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا مىنىستىرلىقى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىيە باشلىقى تاڭ خۇاجۈن، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ خېچېڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز سۆھبەتكە قاتناشتى ھەم كېلىشىم ئىمزالىدى.

تاڭ خۇاجۈن مۇنداق بىلدۈردى: يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى پەن ـ تېخنىكا بويىچە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ سىياسىيلىقى، مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تونۇپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئاكادېمىيەنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، تۈرلۈك پەن ـ تېخنىكا بويىچە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش ۋە يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن يېڭى كۈچ قوشىدۇ.

جاڭ خېچېڭ مۇنداق بىلدۈردى: شىنجاڭ بىلەن ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تېخنىكا، نەتىجە، ئىختىساسلىقلار ئەۋزەللىكىنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇش جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى.

ئەركىن تۇنىياز مۇنداق كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى سۆھبەتلىشىپ كېلىشىم ئىمزالاش ھەم پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى كونكرېت ھەرىكەت، ھەم يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى بويىچە شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنى يولغا قويۇش، يېزا ئىگىلىكنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىشتىكى مۇھىم تەدبىر، جەزمەن ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى، بۇ قېتىم كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن ئون جەھەتتە ئاپتونوم رايون بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىدۇ. ئاپتونوم رايون ئالاقىدار ياندىش سىياسەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاكادېمىيە بىلەن يەرلىكنىڭ ھەمكارلىقىدا تېخىمۇ زور نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

# 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **فەن خۇيبى** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىنغا قاتناشقان توققۇز نەپەر مۇتەخەسسىس ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنىڭ مەنىسى ۋە بۇرچىنى مەھكەم ئىگىلەيلى» «يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم مەزمۇنى» «يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ۋە تارىخىي ئورنى» قاتارلىق تېمىلاردا چوڭقۇر مۇھاكىمىنى قانات يايدۇردى. كۆپچىلىك مۇنداق قارىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق شەرھلىنىپ، پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشى بىر يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى، بۇ، دەۋر بۆلگۈچ ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەت.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ھەقىقەت كۈچىنى چوڭقۇر چۈشىنىش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى دەل جايىدا ئىگىلەش؛ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىدە ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان ماركسىزملىق مەيدان، قاراش، ئۇسۇلنى دەل جايىدا ئىگىلەش؛ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن تامامەن توغرا بولغان، جەزمەن ئۇزاققىچە چىڭ تۇرىدىغان ھەرىكەت كۆرسەتمىسى ئىكەنلىكىنى دەل جايىدا ئىگىلەش كېرەك. يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيە خىزمەتچىلىرى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر، ياخشى تەتقىق قىلىپ، ياخشى تەشۋىق قىلىپ، ياخشى شەرھلەپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئادەتتىكى پۇقرالار ئائىلىلىرىگە تېز يەتكۈزۈپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىتىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، شىنجاڭنى ياخشى مۇقىملاشتۇرۇش، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ قوشۇشى كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«يېرىم تازىلانغان سۇ»دىن قايتا پايدىلىنىشنىڭ سۇ بايلىقىنى تولۇقلاش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى؛ شەھەرلەردىكى كونا تۇرۇبا تورىنى ئۆزگەرتىشنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، شەھەرلەردىكى مەركەزلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبا تورىدا سۇ ئېقىپ ئىسراپ بولۇپ كېتىشنى ھەقىقىي تۆۋەنلەتتى.

تۇرۇبا توردا سۇ ئېقىپ ئىسراپ بولۇپ كېتىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىلقى تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ساھەسىدىكى سۇ، ئاتموسفېرا، تۇپراق بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش ھەم مەركەزنىڭ مۇھىت قوغداشنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش قايتما ئىنكاس پىكرىگە ئاساسەن تۈزىتىش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، شەھەر مەمۇرىيىتى سۇ بىلەن تەمىنلەش كونا تۇرۇبا تورىنى ئۆزگەرتىش سالمىقىنى زورايتتى. سۇ تېجەش تىپىدىكى شەھەر بەرپا قىلىش جەھەتتە، ئۇزاق ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش مېخانىزمى ئورناتتى، ھاسىلىي سۇدىن پايدىلىنىش سالمىقىنى زورايتتى، سۇ تېجەش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى، سۇ تېجەش تىپىدىكى ئۈسكۈنىلەرنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتتى، شەھەرلەردە سۇ تېجەش تەشۋىقاتىنى كۈچەيتتى.

ھازىرغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت دەرىجىلىك تۆت شەھەر ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرى، قاراماي شەھىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دۆلەت دەرىجىلىك سۇ تېجەش تىپىدىكى شەھەر بەرپا قىلدى، تۇرپان شەھىرى، قومۇل شەھىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك سۇ تېجەش تىپىدىكى شەھەر بەرپا قىلدى. تۆت شەھەردە سۇ تېجەش تىپىدىكى كارخانىدىن 44ى، سۇ تېجەش تىپىدىكى ئورۇندىن 87سى، سۇ تېجەش تىپىدىكى ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىدىن 60ى بەرپا قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل كىشى مۇنداق تونۇشتۇردى: ئاپتونوم رايونىمىز سۇ تېجەش تىپىدىكى شەھەر بەرپا قىلىشنى تۇتقا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «سۇ تېجەش تەشۋىقات ھەپتىلىكى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ۋاستە قىلىپ، تور ۋە تور سىرتىدا ئۈنۈملۈك ھەمتۈرتكە بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش ھەرىكىتىنى مەھەللىلەرگە كىرگۈزۈش، ئورگانلارغا كىرگۈزۈش، مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈش، كارخانىلارغا كىرگۈزۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ سۇ تېجەش ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، سۇ بايلىقىدىن ئۈنۈۋېرسال پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئەڭ زور چەكتە ئۆستۈرۈپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان سۇ ۋە شەھەر ئىقتىسادىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

---

ياڭ شىن ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىرلارنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بويىچە مەركەزلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش كۇرسىدا مەخسۇس تېمىدا كونسۇلتاتسىيە قىلدى

# پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ياخشى سىياسىي ئېكولوگىيە يارىتىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيېۈن**، ئىختىيارىي مۇخبىر **ۋاڭ نىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىرلارنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بويىچە مەركەزلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش كۇرسىدا مەخسۇس تېمىدا كونسۇلتاتسىيە قىلدى. ياڭ شىن مەخسۇس تېمىدىكى كونسۇلتاتسىيەدە مۇنداق كۆرسەتتى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە. ئالدى بىلەن «دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى»غا قارىتا كۆڭۈلدە سان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇشنى يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش بىلەن بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىگىلەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات پىكىر يولى، ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، بىرلەشتۈرۈش ـ يۇغۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلىش، بىر تەرەپتىن خۇلاسىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىي ئىدارە قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ياڭ شىن مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، ئىنتىزامنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ئۇزاققىچە چىڭ تۇتۇپ كۈچەيتىپ، «قىلچە يول قويماسلىق» پوزىتسىيەسى بىلەن چىرىكلىككە قارشى جازالاپ، «ئۈچنى قىلالماسلىق»نى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەت قىلىش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سىياسىي كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ياخشى سىياسىي ئېكولوگىيە يارىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ يۈك رىياسەتچىلىك قىلدى.

---

ۋاڭ مىڭشەن ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىرلارنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بويىچە مەركەزلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش كۇرسىدا مەخسۇس تېمىدا كونسۇلتاتسىيە قىلدى

# ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ مىڭشەن ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىرلارنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بويىچە مەركەزلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش كۇرسىدا مەخسۇس تېمىدا كونسۇلتاتسىيە قىلدى.

ۋاڭ مىڭشەن مەخسۇس تېمىدا كونسۇلتاتسىيە قىلغاندا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، دەل جايىدا ئىگىلەپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئەقىل ـ پاراسەت، كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئالغا سىلجىتىشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ۋاڭ مىڭشەن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: قەتئىي، كەسكىن ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇنچىللىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئورتاق قۇرىدىغان، ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. سىستېمىلىق ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ئۇنىۋېرسال تۈزەش، مەنبەدىن تۈزەشنى كۈچەيتىپ، ئامانلىق بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، تىرىشىپ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تىنچ ـ ئامان شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭى مۇساپىدە قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.